# ئىسلام ئەقىدىسىدىن دەسلەپكى ساۋات



بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

ئىنسانىي ياراتقۇچى ،كۆيۈنگۈچى، بۈيۈك ئاللاھقا چەكسىز مەدھىيە ئېيتىمەن . ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن بارلىقنى ئاتىغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام يوللايمەن ۋە رەھمەت تىلەيمەن !

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئىمان ـ ئەقىدە قىلىدى. ھەممە توغرا بولغان ئىمان ـ ئەقىدە ئۈستىگە بولمىغان ھەرقانداق ئەمەل ـ

ئىبادەت نىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە ئىنسانلار نىڭ ئىجتىمائىي تارىخىمۇ ھەرقانداق بىر ئىنسان ۋە جەمئىيەت، تـوغرا بولغـان ئېتىقـاد ، تـوغرا بولغـان كىـشىلىك تۇرمـۇش بىـلەن ياشىمـىسا ، بەختلىـك بولالمايـدىغىنىنى ئىسپاتلىدى.شۇڭا ، ئىمان ـ ئەقىدە مەسىلىسى ئىنـسان ئۈچـۈن بىرىنچـى ، ۋە باشتا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مەسىلە . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى دەۋردىكى ئـالىم ،ئۇستازلار ئەقىدە بىلىمىنى زۆرۈري بىلىم قاتارىدا ئۆگىتىشكە.ۋە دەۋەر تىلىغا مـاس ھالدا ئەقىدە كىتابلىرىنى يېزىشقا ئالاھىدە ئەھمـىيەت بەرگەن. ھـالا بىـز نىـڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە گەرچە نۇرغـۇن ئەرەبـچە كىتـابلار ئۇيغـۇر تىلغـا تەرجـمە قىلىنغـان بولـسىمۇ ، لـېكىن، بـۇ كىتـابلار بەزىـسى بـالىلار تەپەككـۇرى، ۋە تىلىـدىن خىلـىلا يىـراق . بەزىـسى گەرچە بـالىلار ئۈچـۈن تـۈزۈلگەن بولـسىمۇ دەرسلىك ئۇسلۇبىدا تۈزۈلمىگەن بولغاچقا دەرسـلىك قىلىـشقا مـاس كەلمىـگەن ، شۇڭا ، بەزى دوستلار مەندىن يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر، ۋە بالىلار ئۈچـۈن دەرسـلىك قىلىشقا ماس بىر دەرسلىك نىـڭ بولـشىنى بەكمـۇ ئـارزۇ قىلـدىغانلىقىنى ئىنكـاس قىلىشتى. مەن بۇ بۇشلۇقنى توشـقۇزۇش ئۈچـۈن ئاللاھقـا تەۋەككـۇل قىلـىپ بـۇ كىتابچىنى تـوزۇپ چىقـتىم ، مەن بـۇ كىتـابچىنى تۈزەشـتە قۇرئـان كەرىـم، ۋە ھەدىـس رەسـۇلۇللاھ ، ۋە ئەھلـى ـ سـۈننەت ۋەلجەمـائە نىـڭ ئەقىدىـسى

ھەققىدىكى  ساغلام كىتابلار نى مەنبە قىلدىم، سۇئال ـ جەۋاپلىق بولۇش، تىلى يەڭگىل بولۇشتا ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ((ئاقائىدە زۆرۈرىيە)) ناملىق كىتابچىنى ئۆرنەك قىلدىم.

عبد الراجي الي الله

١



سۇئال ـ ئاللاھ كىم ؟

جەۋاپ: مېنى ۋە سىزنى شۇنداقلا ئاسمان ـ زېمىن ، ۋە باشقا بارلىق نەرسە لەرنى يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى ئاللاھدۇر


سۇئال ـ ئاللاھ بار مۇ ؟

جەۋاب: بار ، چۈنكى، ئاللاھ بولمىغان بولسا ، ئادەملەر ۋە نەرسىلەر ، ۋە پۈتكۈل مەۋجۇدات بولمىغان بولاتتى.



سۇئال ـ ئاللاھ نەچچە ؟

جەۋاب: ئاسماندىمۇ ، زېمىندىمۇ ئاللاھ بىردۇر




سۇئال ـ ئىنسان نىڭ ئاللاھقا ئىشىنىشى زۆرۈر مۇ ؟

جەۋاب : ئەلۋەتتە ، چۈنكى، ئۆزگە ھاياتلىق بەرگەن ،

رىزىق بەرگەن ئىگىسىنى تونۇماسلىق ، ئىشەنمەسلىك ، دۆتلۈك ، ۋە ۋىجدانسىزلىقدۇر .

س ـ ئاللاھقا ئىشىنىش ئىنساندىكى تەبىئىي ئەھۋالمۇ ؟

ج : ئىنسان ئەسلى ئاللاھقا ئىشىنىش تۇيغۇسى بىلەن ۋە ئاقكۆڭۈللۈك تەبىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ، لېكىن ، كېيىنچە ئائىلە ، جەمئىيەتنىڭ تەسىرگە ئۇچراپ، ئېتىقادسىز ، ئەسكى ئادەم بولۇپ قالىدۇ. (( قوشۇمچە ـ بىز ئەمەلىي تەجرىبە قىلىپ باقايلى، ئەگەر بىر ئېتىقادسىز ئادەم چوڭ بىر دېڭىزدا يالغۇز بىر قېيىقتا كېتىپ بارغان بولسا ، تۇيۇقسىز ھاۋا بۇزۇلۇپ، ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ، چاقماق چاقسا، دېڭىز دولقۇن ئۇرغىلى تۇرسا ، بۇ ئادەم بۇ يەردە (( ئاھ خۇدا )) دېمەي تۇرالارمۇ ؟ بىز بەزىدە ، كىنو ـ تىلىۋىزور دىن ، ناھايىتى يامان ،قورۇقماس، ھېچنىمگە ئىشەنمەيدىغان بەزى كىشلەر نىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئاغرىپ قالغان ۋاقىتلاردا ، داڭلىق دوختۇرخانىلارغا ئاپارغىنىنى، نۇرغۇن پۇل خەجلىگىنىنى ،لېكىن ، بۇ كېسەل ساقايمىغان ، ياكى ، ـ دوختۇر ساقايمايدۇ ـ دېگەندىن كېيىن، ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ ((ئاھ خۇدا بۇ ئاغرىقنى ئۆزۈڭ قۇتقۇزغايسەن دېگەنىنى )) كۆرىمىز ، مانا بۇ ئەمەلىيەت ئاللاھقا ئىشىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئىنسان قەلبىدە تەبىئىي بولىدىغانلىقىنى

بىلدۈردۈ، شۇڭا بىز دەيمىزكى ، ئۆزىڭىزنى ئېتىراپ قىلىش، يۈرىكىڭىز نىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش! )))

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

١ ـ بىر كۈنى ساۋاقداش ئابلىكىم بىلەن پەرھات پاراڭ قىلىشىۋېتىپ، بۇ گەپنى تالىشىپ قالدى .

پەرھات «« ئاسمان بۇرۇندىن تارتىپ بارئىدى ، ئۇنى ھېچكىم پەيدا قىلمىغان »» دېدى.

ئابلىكىم «« بۇ گېپىڭ خاتا ، ئاسماننى ئاللاھ ياراتقان »» دېدى .

ئۇلار گېپىنىڭ قايسىسى توغرا ؟

٢ ـ بۇرۇنقى زاماندا بىر بىلىملىك كىشى بىلەن ، يەنە بىر ئادەم تۇرمىگە سولىنىپتۇ، بىلىملىك كىشى ھېلىقى ئادەمدىن قانداق بولۇپ تۇرمىگە قامالغانلىقىنى سوراپتۇ، ھېلىقى ئادەم «« مەن ئەسلى بىر خوجايىن نىڭ قورۇسىدا ئىشلەيتتىم ، يېمەك ـ ئىچمەك شۇ خوجايىن نىڭ ئۆيىدىن ئىدى، بىر كۈنى كۆپچىلىك بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرسام ، بىر كىشى :ـ يىگىت خوجايىنىڭ كىم ؟ ـ دەپ سورىدى . مەن ـ خوجايىن دېگەننى تونۇمايمەن ، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە خوجايىن ـ دېدىم . كوپچىلىك ماڭا ھەيران قالدى ، ۋە

لەنەت قلدى. مېنى ۋىجدانسىز ، تۆزكور دەپ نەپرەت ياغدۇردى. كېيىن ، كىچككنە ئىش سەۋەبى بىلەن مېنى تۈرمگە سولاتقۇزۋەتتى. ھېلىقى بىلمىلىك كىشى «« ھايۋان چىغدا خوجايىننى تونۇيدۇ، ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ دەپتۇ.»»



ساۋاقداش سىز بۇ ھېكايىدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز ؟

٣ـ بوش ئورۇننى توشقۇزۇش

١ ـ بارلىق نەرسە لەرنى يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى ـ ـ ـ ـ دۇر
٢ ـ ئاللاھ ـ ـ ـ ـ بولسا ، ئادەملەر ۋە نەرسىلەر ، ۋە پۈتكۈل مەۋجۇدات ـ ـ ـ ـ ـ بولاتتى.

٣– ئاسماندىمۇ ، زېمىندىمۇ ئاللاھ ـ ـ ـ ـ ـ .
تۆۋەندىكى سۆز توغرا مۇ خاتا ؟
((ئاللاھقا ئىشىنىش ئانچە مۇھىم ئەمەس ))

سۇئال ـ ئىنسان قانداق قىلغاندا ئاللاھنى توغرا تونۇغىلى ۋە ياخشى ئىشەنگىلى بولىدۇ ؟
جەۋاپ : ئىسلام دىنىغا كىرىپ ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېتىقاد تۇرغۇزۇپ ، ۋە ئىش ـ ھەركەت ئېلىپ بارغاندا ئاللاھنى توغرا تونۇغىلى ۋە ياخشى ئىشەنگىلى بولىدۇ. سۇئال ـ ئىسلام دېگەن نېمە ؟




جەۋاپ ؛ ئاللاھ ئىنسانلارغا ئېتىقاد ، تۇرمۇش، ئىبادەت قاتارلىقلاردا ئىنسانلار نىڭ مېڭىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن نىجاتلىق يولى .

(ئاللاھ بىزنى ئىسلام بىلەن ئىززەتلىگەن ، ئەگەر بىز ئىززەتنى ئىسلام نىڭ غەيرىدىن ئىزدىسەك ، ئاللاھ بىزنى خار قىلىدۇ )

**سۇئال ـ ئىنسانلار ئىسلامدىن باشقا يولدا ماڭسا بولامدۇ ؟**

**جەۋاپ: ھەرگىز بولمايدۇ، چۈنكى ، ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئىسلامدىن باشقا ھەرقانداق يولنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، ھەم ئىسلامدىن باشقا ئىدىيە، ئېقىم ، يوللار نىڭ ئىنسانلارنى ھەقىقى بەختكە ئېرىشتۈرەلمەيدىغانلىقنى دېگەن .**

**س :ئىنسان قانداق قىلغاندا ئىسلامغا كىرگىلى بولىدۇ ؟**

**جەۋاپ : لا إله إلا الله محمد رسول الله (( مېنى ۋە باشقا بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقان ، ئىبادەت قىلىشقا ، بويسۇنۇشقا بولىدىغان يىگانە ئاللاھدۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ـ پەقەت يەككە ئەلچىسى، مېنىڭ يولباشچىم، يىتەكچىم ، ئۇستازىم)) دەپ پۈتۈن ھاياتىدا ئاللاھنىڭ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى**

بويىچە مېڭىشقا قەسەم ئىرادە بىلدۈرۈش بىلەن ئىسلامغا كىرگىلى بولىدۇ .



س؛ سىز كىم ؟

جەۋاپ: مەن مۇسۇلمان .

مۇسۇلمان نىڭ مەنىسى نېمە ؟

جەۋاپ: بويسۇنغۇچى ، ھەقىقەتكە يۈزلەنگۈچى ، خاتىرجەملىكنىڭ ھامىيسى .

ئىمان ئېتىش دېگەن نېمە ؟

جەۋاپ : ئاللاھقا ئىشىنىش ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش ،ئاللاھ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن كىتابلارغا ئىشىنىش ، ئاللاھ نىڭ پەرىشتەلىرىگە ئىشىنىش ، قىيامەتنىڭ ھەقىقى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ، تەقدىرگە ئىشىنىش .

بۇلارنى چۈشىنىش ، ئۆزلەشتۈرۈش ، ئەمەل قىلىش – ئىمان ئەيتىش

بولىدۇ.

س ـ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش دېگەن نېمە ؟

ج: ئاللاھ بار ، بىر، ئاللاھ ھەممىنى يارىتىدۇ،ھەممىنى بىلىدۇ، ھەممىنى كۆرۈدۇ، ھەممىنى باشقۇرىدۇ،ھەممىنى ئاڭلايدۇ،ھەممىنى بەلگىلەيدۇ،خالىغىنىنى قىلىدۇ، چەكلىمگە ئۇچرىمايدۇ دەپ ئىتىقاد قىلىش، ئاللاھقا ئىشىنىش بولىدۇ.

س ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن نېمە ؟

ج : ئاللاھدىن باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش،مەسىلەن : بۇتساتۇۋالارغا چوقۇنۇش، ھەزرىتى بۇۋى مەريەم ، ئىسا لارغا باش ئۇرۇش. ئاللاھدىن باشقا نەرسىلەردىن مەدەت تىلەش، مەسىلەن: روھ ـ ئەرۋاھلاردىن قورقۇش،تىلەك تىلەش، يۆلەيدۇ، ئۇرىدۇ دەپ ـ قاراش. ئاللاھ نىڭ كۆرسەتمىلىرى پەرمانلىردىن باشقا لارنىڭ ئەمىر پەرمانلىرىنى چوڭ بىلىش، ئەۋزەل بىلىش. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بولىدۇ.

س ـ ئاللاھقا ئىشەنمىگەنلەر قانداق بولىدۇ؟
ج: ئاللاھقا ئىشەنمىگەنلەر
كافىر بولىدۇ. كافىرلار بۇدۇنيادا لەنەتكە ، ئۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك
ئازاپقا قالىدۇ.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

ساۋاقداش ئالىم نىڭ ئاكىسى ئامېرىكىدا بىلىم ئاشۇرغان بولۇپ،
ئۇ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئەمما ، ئۇ نىڭ ئىبادەت ،
ئېتىقادى ئوخشىماسلىق بولۇپ ، ئۆزىنى‹‹ خرىستىئان›› دەپ
ئاتايتتى.ئۇ ‹‹ ھەممىسى ئاللاھ نىڭ دىنى ›› دەيتتى.لېكىن ، ئالىم
، ‹‹ بۇ گېپىڭ خاتا، ئاللاھ ئېتىراپ قىلغان دىن پەقەت ئىسلام دىنى
.›› دېدى
٢ ـ ساۋاقداش تۇرسۇن نىڭ مومىسى داۋاملىق قېرىنچىلققا
ئۇچۇرغاندا ، ئۆلگەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىدىن ئۆزىنىڭ قېيىنچىلىقىغا
مەدەت تىلەيتتى، ئەۋلىيالاردىن ياردەم تىلەپ ، ئۇلارغا ئاتاپ نەزىر

قىلالىتتى.

سىزنىڭچە بۇنداق قىلىش توغرىمۇ ؟

بوش ئورۇننى تولۇقلاش.

١- جەۋاپ : ئىسلام دىنىغا ..... ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېتىقاد تۇرغۇزۇپ ، ۋە ئىش- ھەركەت ئېلىپ بارغاندا ئاللاھنى توغرا ......... ۋە ياخشى ئىشەنگىلى بولىدۇ.

٢- ئاللاھ ئىنسانلارغا ئېتىقاد ، تۇرمۇش، ئىبادەت قاتارلىقلاردا ئىنسانلارنىڭ مېڭىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن ــــــ .

٣- ئاللاھقا ئىشەنمىگەنلەر ـ ـ ـ ـ بولىدۇ. كافىرلار بۇدۇنيادا لەنەتكە ، ئۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك ـ ـ ـ ـ قالىدۇ.

س ـ
پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش دېگەن نېمە ؟
ج : ئاللاھنىڭ ئىنسانلاردىن باشقا پەرىشتە ئىسىملىك مەخلۇقلىرى بار بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق ئاللاھ نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ.
س ـ پەرىشتە دېگەن نېمە ؟
ج : نۇردىن يارىتىلغان، يەپ ئىچىش، ئەۋلاد قالدۇرۇش، گۇناھ ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلاردىن خالى ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدۇر.
س ـ ئاللاھ نىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش دېگەن نېمە ؟

ج: ئاللاھ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ، ئېتىقاد ، تۇرمۇش، ئىبادەت ئىشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ، ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئەۋەتكەن. بۇلار نىڭ ئاساسلىقى ؛ تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ، قۇرئان كەرىمدۇر.



س ؛ قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى يازغانمۇ ؟

ج : بۇنداق قاراش قەتئىي خاتا . چۈنكى، ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى ئىنسانلار غا دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ بەخت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ،چۈشۈرگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت بۇ چۈشۈرۈلگەن مەزمۇنلارنى يەتكۈزىدىغان ئەلچى، قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يازمىغانلىقى ، ھەم ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئوخشىتىپ يازالمايدىغانلىقي ھەققىدە ئىلمى، ئەدەبىي، پەننى پاكىتلار ناھايىتى كۆپ .

س؛ هازىر بۇ كىتابلار نىڭ قايسىغا ئېتىقاد ، ئىبادەت قىلىشقا بولىدۇ؟
ج: قۇرئان كەرىمگىلا ئېتىقاد ، ئىبادەت قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى ئەۋەتكەندىن كېيىن باشقا كىتابلار نىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان.
س ـ پەيغەمبەر دېگەن كىم ؟
ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۇلار نىڭ ئېچىدىن ئاللاھ نىڭ بۇيرۇق ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ، تاللىغان ئەلچىلەردىن ئىبارەت.
س ـ پەيغەمبەر لەر گە قانداق ئىشىنىمىز ؟
پەيغەمبەر لەر سەممى ، ئەخلاقلىق ، بارلىقنى ئىنسانلار نىڭ بەختى ئۈچۈن ئاتىغان كىشلەر بولۇپ، ئاللاھنىڭ بويرۇق ـ پەرمانلىرىنى ئۆز ـ ئەينى يەتكۈزىدۇ،قوشمايدۇ،ئېلىۋەتمەيدۇ،ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان بولۇپ، ئائىلە، تۇرمۇش قۇرىدۇ.
س ـ ئاخىرەت كۈنى دېگەن نېمە ؟

ج : ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن ، قايتا تىرىلىپ، قىلغان ياخشى ـ يامان ئىشلىرى ئۈچۈن جاۋاپ بېرىدىغان، ھەم جازا ـ مۇكاپات كۆرىدىغان كۈن.
س ـ ئەگەر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنمىسە قانداق بولىدۇ؟
ج ـ ئەگەر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنمىسە كافىر بولىدۇ.

س ـ قەبرىدىكى سوراق دېگەن نېمە ؟
ج ـ ئىنسانلار ئۆلۈپ ، قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، سوراق قىلغۇچى پەرىشتىلەر كىرىپ، بىر نەچچە سوئال سورايدۇ.
ئەگەر توغرا ئېتقادلىق، تەقۋادار مۇسۇلمان بولسا، ياخشى جەۋاپ بېرىدۇ، ئەگەر ئېتقادلىق، ياخشى ئادەم بولماي قالسا ، دۇدۇقلاپ جەۋاپ بىرەلمەيدۇ.
س ـ جەننەت دېگەن نېمە ؟

ج : ئاللاھ ئاخىرەت كۈنىدە ، ياخشى ، تەقۋادار ئادەملەرنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ، تەييارلىغان جاي بولۇپ، ئۇ ئالى، ئوتتۇرا، ئادەتتىكى دىگەندەك دەرىجىلەرگە ئايرىلىدۇ، كىشلەر قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ مۇكاپاتلىنىدۇ.جەننەت نىڭ راھەت-پاراغىتى چەكسىز بولۇپ، ئىنسانلار بۇ دۇنيادا كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان راھەت، لەززەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

س: دوزاخ دىگەن نىمە ؟

ج: ئاللاھ ئىنسانلار

ئىچىدىن چىققان ئاسى-گۇناھكار، مۇنافىق، كافىر قاتارلىقلارنى جازالاش ئۈچۈن تەييارلىغان ئورۇن بولۇپ، ئىچىدە ئوت، ۋە ئادەم ئاڭلاپ باقمىغان چىدىغۇسىز ئازاب ۋاستەلىرى بار جاي، دەۋزەخ كىشلەر نىڭ جىنايىتىنىڭ ئېغىر-يەڭگىللىكىگە قاراپ، ئېغىر- ۋە يەڭگىل دەپ پەللىگە ئايرىلىدۇ.

ئاللاھ ھەر قانداق ئىنساننى دەۋزەخدىن ساقلىسۇن!



## مۇلاھىزە سوئاللىرى

بىر كۈنى ساۋاقداش ئابلىكىمنىڭ ھەدىسى كەچلىك ئولتۇرۇشتىن خىلى

كەچ قايتىپ كەلدى،ئانىسى ئۆنىڭغا نەسىھەت قىلغاندا ئۇ ‹‹ ئانا ! ھاياتلىق دېگەن ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ،ئۆلگەندىن كېيىن تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىغان گەپ، شۇڭا ھايات ۋاقتىدا ئويناپ كۆڭۈل ئېچىۋالغان تۈزۈك ››- دېدى.

ساۋاقداش ،ئويلىنىپ بېقىڭ ! ئەھمەد نىڭ ھەدىسىنىڭ دېگەنلىرى توغرىمۇ ؟

سىز ئۆلگەندىن كېيىن قەيەرگە كىرىشنى خالايسىز ؟قانداق تەييارلىق قىلىسىز؟

تەقدىر دېگەن نېمە ؟

ج ؛ ئاللاھ ئىنسانىيەت ۋە كائىنات نىڭ تەرەققىياتى ۋە ھالاكىتى ئۈچۈن بەلگىلىۋاتقان قانۇنىيىتى.

س ؛ تەقدىرنى قانداق چۈشەنگىلى بولىدۇ؟

ج ؛ ئاللاھ ھەر بىر ئىنسان تۇغۇلۇشىدىن بۇرۇن ، ئىنسان نىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق

بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدۇ، ۋە خاتىرىلەيدۇ.
س:تەقدىر ئەقىدىسىنىڭ مۇسۇلمانلار هاياتىغا قانچىلىك قانداق تەسىرى بار ؟
ج: تەقدىر ئەقىدىسى مۇسۇلمانلارغا باتۇرلۇق، قەتئىيلىك، غايىۋىلىك، چۈشكۈنلەشمەسلىك، مەغلۇبىيەتتىن قايتا باش كۆتۈرۈش قاتارلىق ئېسىل ئىنسانى خىسلەت ، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. قورقۇنچاقلىق، ئىرادىسىزلىك، مەغلۇبىيەتتىن چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى تەقدىرگە ئىشەنمىگەنلىك دەپ قارايدۇ.

## مۇلاھىزە سوئاللىرى

ساۋاقداش تۇرسۇن نىڭ دادىسى دۇكان ئاچاتتى، بازار ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بىر كۈنى يول قىستاڭچىلىق بولغاچقا، بىر ياشانغان ئادەم يەنە بىرەيلەننى ئىتتىرىپ تۇرسۇن نىڭ دادىسى دۇكانىغا تىزىپ قويغان قاچا ـ قۇچا قاتارلىق نەرسىلەرنى سۇندۇرۇۋەتتى، تۇرسۇن نىڭ دادىسى بۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىشنى

تەلەپ قىلغاندا، ھېلىقى ياشانغان ئادەم «‹ ئۇكام تەقدىرگە رازى بولۇڭ، ››» ـ دېدى.

تۇرسۇن نىڭ دادىسى سىزمۇ تەقدىرگە رازى بولۇپ، زىياننى تۆلەپ بېرىڭ ›› ـ دېدى.

بۇ يەردە كىمنىڭ دېگىنى توغرا؟ تەقدىر ئەقىدىسىنى بوزەك بولۇش، زۇلۇمغا تىز پۈكۈش دەپ چۈشەنسەك بولامدۇ؟

س: ئىنسان قانداق قىلسا ئىسلامدىن چىقىنىپ كېتىدۇ؟

ج: ئاللاھقا ئىشەنمىسە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسە، قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يازغان دېسە، ناماز، روزا قاتارلىق مۇسۇلمانلار قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئىتراپ قىلمىسا، ياكى، قىلغانلارنى مەسخىرە قىلسا، ئىسلام دىننى مەسخىرە قىلسا، ياكى، ھازىرقى زامانغا ماس كەلمەيدۇ دەپ ئىتىقاد قىلسا كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ( يەنى ئىسلامدىن چىقىتىدۇ)

س: خوراپىلىق دېگەن نېمە ؟

كۆچلۈك دەلىل پاكىتنى، ھەقىقەتنى ئېتراپ قىلماسلىق، ئىشلارنى ئىلمىيلىك بىلەن قىلماسلىق، قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلار پەيدا قىلىۋالغان پىرخۇنلۇق، تۇمار ساقلاش، جانىۋارلار نىڭ ھۆشۇق،تىرناقلىرىنى ئېسىۋېلىش قاتارلىقلار خوراپاتلىق ھېسابلىنىدۇ،

س؛ دىنىغا ئېتقاد قىلىش خوراپاتلىقمۇ ؟

ج؛ ياق.بەلكى، ھەقىقەت ئىكەنلىكى قەتئىي ئىسپاتلانغان ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەسلىك خوراپىلىق بولىدۇ.

س؛ جىن بارمۇ ؟

ج؛ جىنلار ىنىڭ بارلىقى قۇرئان كەرىمدە، پەيغەمبىرىمىز نىڭ ھەدىسىدە ( سۆزىدە) سۆزلەنگەن . شۇڭا جىنلار نىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش زۆرۈر، ئەمما ، ئىنسانلار نىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ، شۇنداق بولغاچقا، ئۇلاردىن قورقۇش نىڭ ھاجىتى يوق . ئىنسانلار پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسى تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرسە، ئەتراپ مۇھىتنى بولغىمىسا جىنلار ئىنسانلارغا ھېچقانداق زىيان سالالمايدۇ،

س؛ ئىنسانلار ھەقىقى بەختكە قانداق ئېرىشىدۇ؟
ج؛ پەقەت ئاللاھ نىڭ سۆزى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمەلىرىگە ۋە ئىسلام يېتەكچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، تۇرمۇشنى ئىسلام كۆرسەتمەلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ماڭسا،ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۇرسە، ۋە يەنە ئىلىم ـ پەن مائارىپنى قەدىرلىسە ۋە ئومۇملاشتۇرسا،شۇنداقلا تىنچلىق ئۈچۈن ئىشلەتسە ، بۇ دۇنيادا خاتىرجەملىك، ساغلاملىق باياشاتلىققا ئىرشىپ، ئۇ دۇنيادا بەخت ماكانى بولغان جەننەتكە ئېرىشىدۇ



لا تنسونا بصالح دعائكم